# 99311 ـ گۆرۋگە قويۇلغان مالغا زاكات كېلەمدۇ؟

**سۇئال**

مەلۇم مىقداردا مال قەرز ئالدىم، ئالغان قەرزىنىڭ ئورنىدا بەزى ئالتۇننى گۆرۋگە قويدۇم، گۆرۋگە قويغان ئالتۇننىڭ زاكىتىنى ئايرىشىم كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

گۆرۋگە قويۇلغان ئالتۇن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىدىغان بولسا ياكى سىزنىڭ يېنىڭىزدا باشقا ئالتۇن بولسا، ئۇنىڭغا قوشسىڭىز زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، يىل توشقان بولسا ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ. مەزكۇر ئالتۇن مالنىڭ ئورنىدا گۆرۋگە قويۇلغانلىقى زاكاتنىڭ پەرىز بولىدىغانلىقىنى چەكلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ سىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭىزدىكى مالدۇر.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ  "ئەل مەجمۇئ" 5-توم 318-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" زاكات ماللىرىدىن چارۋا ياكى باشقا ماللارنى گۆرۋگە قويۇپ يىل توشقان بولسا، ئۇ مالدا تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن  ئۇ مالغا زاكات پەرىز بولىدۇ".

شەيخ مەنسۇر بەھۇتىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "گۆرۋگە قويۇلغان مالنىڭمۇ زاكات پەرىز بولىدۇ، ئۇنىڭ زاكىتىنى گۆرۋگە ئالغۇچى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن گۆرۋگە قويغۇچى چىقىرىدۇ". ["كەشپۇل قىنائ ئەن مەتنىل ئىقنائ" 2-توم 175-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "گۆرۋگە قويۇلغان مالغا زاكات پەرىز بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "گۆرۋگە قويۇلغان مال زاكات چىقىرىدىغان ماللاردىن بولىدىكەن ئۇ مالغىمۇ زاكات پەرىز بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ زاكىتىنى گۆرۋگە ئالغۇچى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن گۆرۋگە قويغۇچى چىقىرىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: بىر كىشى بىر قوينى يەنە بىر كىشىنىڭ يېنىدا گۆرۋگە قويدى(قوي دېگەن زاكات پەرىز بولىدىغان چارۋىلاردىن) ئۇنىڭدا چوقۇم زاكات پەرىز بولىدۇ، چۈنكى گۆرە دېگەن زاكاتنىڭ پەرىزلىكىنى چۈشۈرۈۋېتەلمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ زاكىتىنى گۆرۋگە ئالغۇچى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن چىقىرىدۇ". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 34-توم 18-بەت].

ئەگەر قەرز بەرگۈچى گۆرۈگە ئالغان مالدىن زاكاتنى ئايرىشقا رۇخسەت قىلمىسا، قەرز ئالغۇچى ئەگەر ئۆزىنىڭ باشقا مېلى بولسا، زاكاتنى شۇ مالدىن چىقىرىدۇ، ئەگەر باشقا مېلى بولمىسا، گۆرۈگە قويۇلغان مالنى ئاجرىتىپ ئالغۇچە ساقلايدۇ ئاندىن ئۆتكەن يىللارنىڭ زاكىتىنى ئايرىيدۇ.

هەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.